# ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مىللەتنى گۈللەندۈرۈش زور ۋەزىپىسىنى زىممىگە ئالالايدىغان دەۋر يېڭى كىشىلىرىنى كۈچەپ يېتىشتۈرۈش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

7 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئەخلاق نەمۇنىچىلىرى سۆھبەت يىغىنى 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ خۇنىڭ تەقدىرلەنگۈچىلەر ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى خۇاڭ كۈنمىڭ كۆرۈشۈشكە قاتناشتى ھەم سۆھبەت يىغىنىدا شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنى ئوقۇدى. ئارقىدىن، ئۇ سۆزدە مۇنداق بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىققەتنى مىللەتنى گۈللەندۈرۈش زور ۋەزىپىسىنى زىممىگە ئالالايدىغان دەۋر يېڭى كىشىلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۈلگىنىڭ كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئەخلاق ئەمەلىيىتى پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىدىيە ـ ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تىپىك ئۈلگىلەرنى ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كەلتۈرۈپ، مەدەنىيلىك يېڭى كەيپىياتىنى ھەربىر بۇلۇڭ ـ پۇچقاقچە ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك.

سۆھبەت يىغىنىدا، تەقدىرلەش قارارى ئوقۇپ ئۆتۈلدى، جاڭ فۇچىڭ قاتارلىق 58 يولداشقا 7 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئەخلاق نەمۇنىچىسى دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى، جاڭ جياشىن قاتارلىق 257 يولداشقا 7 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئەخلاق نەمۇنىچىسى نامىنى ئاتاش مۇكاپاتى بېرىلدى. 7 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىش نەمۇنىچىسى، خۇبېي ئۆلكىلىك ھەربىي رايون ۋۇخەن ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغان كادىرلار 7 ـ ساناتورىيەسىدىكى دەم ئېلىشقا چىققان كادىر ما شۇ، 7 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كەسپىنى قەدىرلەپ ئۆزىنى بېغىشلاش نەمۇنىچىسى، سىچۈەن ئاۋىياتسىيە گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ ئۇچقۇچىسى ليۇ چۇەنجيەن، 6 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كەسپىنى قەدىرلەپ ئۆزىنى بېغىشلاش نەمۇنىچىسى، جېجياڭ داشۆسى تېببىي شۆيۈەنى قارمىقىدىكى شياۋيىفۇ دوختۇرخانىسى كۆز كېسەللىرى بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ياۋ يۇفېڭ ھەمدە ئالاقىدار تەرەپلەردىكى مەسئۇل يولداشلار ئايرىم ـ ئايرىم سۆز قىلدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى سۈن چۈنلەن يۇقىرىقى پائالىيەتكە قاتناشتى.

7 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئەخلاق نەمۇنىچىلىرى ۋە نامىنى ئاتاش مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەر ۋەكىللىرى، ئالدىنقى نۆۋەتلەردىكى مەملىكەتلىك ئەخلاق نەمۇنىچىلىرى ۋەكىللىرى، مەركەز مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى، ئالاقىدار تارماقلاردىكى مەسئۇل يولداشلار، ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلىك پارتكوم ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى پارتكومى تەشۋىقات بۆلۈملىرىنىڭ بۆلۈم باشلىقلىرى، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئىشخانىلىرىنىڭ مۇدىرلىرى قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

# باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، كۈرەش قىلىش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، كۈرەش قىلىش ماھارىتىنى كۈچەيتىپ، مۇقىملىق، تەرەققىيات خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتقا دائىر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك. مۇھىم، زور ئەھمىيەتنى تونۇپ، سىياسىي يۇكسەكلىكنى ئۆستۈرۈش كېرەك. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىدە ماركسىزملىق پارتىيە قۇرۇش تەلىماتى بېيىتىلغان ۋە راۋاجلاندۇرۇلغان بولۇپ، بىزنى نۇرغۇن يېڭى تارىخىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇلۇغ كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىشقا يېتەكلەيدىغان مۇھىم مىزان، يېڭى دەۋردىكى كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى ۋە باش كادىرلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى مۇھىم يېتەكچى. «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان سىياسىي خىسلەتنى تاۋلاپ، سىياسىي خىسلەت ۋە ئىنقىلابىي روھنى مەڭگۈ ساقلاپ، كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان، كۈرەش قىلىشقا ماھىر جەڭچى بولۇش كېرەك. كۈرەش قىلىش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، كۈرەش قىلىش ماھارىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. كوممۇنىستلارنىڭ كۈرەش يۆنىلىشى، مەيدانى، پرىنسىپىنى چىڭ ساقلاپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇشتا تەۋرەنمەي، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن كاللىنى قوراللاندۇرۇش، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارنى ھەر ۋاقىت چىڭ كۆزلەپ، ئىشنىڭ بىخ ھالىتىدىلا ئۇنىڭ ماھىيىتى ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى بىلىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپ، قەيسەر كۈرەش قىلىش روھى، مۇستەھكەم كۈرەش قىلىش ئىرادىسى، ئۈستۈن كۈرەش قىلىش ماھارىتى بىلەن ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئوتتەك ئەمەلىيىتىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاتلىنىش كېرەك. دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىش كېرەك. يېڭى ۋەزىيەتتىكى شىنجاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ نۇرغۇن يېڭى تارىخىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇلۇغ كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىشنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، پارتىيەنىڭ يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرىكمە مۇشتنى ياخشى ئېتىپ، غايە ـ ئېتىقادنى چىڭىتىپ، مەسىلە، خىرىسلارغا بىۋاستە يۈزلىنىپ، ئىقتىدار، سەۋىيەنى ئۆستۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، قانچە مۈشكۈل، خەتەرلىك بولغانسېرى شۇنچە ئىلگىرىلەيدىغان كۈرەش قىلىش ئېڭى، كۈرەش قىلىش روھى، كۈرەش قىلىش شىجائىتى بىلەن، تىرىشىپ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

نۇرلان ئابلىمەجىن، لى پېڭشىن، شۆ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۈنجېڭ، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن يىغىنغا قاتناشتى.

ئاپتونوم رايوننىڭ ساياھەت پۇقراۋى قونالغۇسى، ساياھەت رايونى ھاجەتخانىسى قۇرۇلۇشى خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنىدا مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلدى

# ساياھەت پۇقراۋى قونالغۇسىنىڭ خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ساياھەت رايونى ھاجەتخانىسىنى تېجەشلىك، مۇھىت ئاسرايدىغان قىلىش كېرەك

مۇخبىرىمىز ليۇ يى خەۋەر قىلىدۇ: 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايون ساياھەت پۇقراۋى قونالغۇسى، ساياھەت رايونى ھاجەتخانىسى قۇرۇلۇشى ھەم مەخسۇس تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ساياھەت پۇقراۋى قونالغۇسى، ھاجەتخانا قۇرۇلۇشىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى ۋە مەخسۇس تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالىنى خۇلاسىلىدى، كېيىنكى باسقۇچلۇق خىزمەتلەرگە قارىتا ئورۇنلاشتۇرۇش ـ ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

8 ـ ئايدىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ساياھەت پۇقراۋى قونالغۇسى، ھاجەتخانا قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، مىقداردا بۆسۈش ھاسىل قىلىش، سۈپەتتە ئۆسۈشنى ئىشقا ئاشۇردى، ساياھەتچىلەرنىڭ رازى بولۇش دەرىجىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ساياھەت پۇقراۋى قونالغۇسى، ھاجەتخانا قۇرۇلۇشى ۋە تەكشۈرۈش داۋامىدا بايقالغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ تېپىپ ئانالىز قىلىش كېرەك. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، سىياسىي يۇكسەكلىكنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، قۇرۇلۇش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، تەكشۈرۈش، يېتەكچىلىك قىلىش سالمىقىنى زورايتىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ئىدىيەۋى تونۇش جەھەتتە دىققەتنى يەنىمۇ مەركەزلەشتۈرۈش، خىزمەت تەدبىرى جەھەتتە يەنە تېخىمۇ كۈچەيتىش، تىجارەت باشقۇرۇش جەھەتتە يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇش، تەكشۈرۈش، يېتەكچىلىك قىلىش جەھەتتە يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. ساياھەت پۇقراۋى قونالغۇسى قۇرۇلۇشى جەھەتتە، خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، يامان خاراكتېرلىك رىقابەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛ ساياھەت رايونى ھاجەتخانا قۇرۇلۇشى جەھەتتە، تېجەشلىك، مۇھىت ئاسرايدىغان بولۇش، شۇ جايغا نەپ يەتكۈزۈش، بازارغا ئۇيغۇنلىشىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ساياھەت رايونى ھاجەتخانىسى قۇرۇلۇشى ۋە باشقۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش، قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك.

يىغىندا يەنە قىشلىق ساياھەت خىزمىتىنى ئالدىن پىلانلاش ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بىخەتەرلىكنى باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ساياھەت خىزمىتىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تېز تولۇقلاپ، ئاپتونوم رايونىمىز ساياھەتچىلىكىنىڭ سىجىل تېز، ساغلام تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش تەلەپ قىلىندى.

# شى جىنپىڭ 4 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو ـ ئەرەب دۆلەتلىرى كۆرگەزمىسىگە تەبرىك خېتى ئەۋەتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۇلتۇر 7 ـ ئايدا، مەن جۇڭگو — ئەرەب ھەمكارلىق مۇنبىرىنىڭ 8 ـ نۆۋەتلىك مىنىستىر دەرىجىلىكلەر يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا ئومۇميۈزلۈك ھەمكارلىشىدىغان، ئورتاق تەرەققىي قىلىدىغان، كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن جۇڭگو — ئەرەب دۆلەتلىرى ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنى جاكارلىغاندىم. بۇ نۆۋەتلىك كۆرگەزمە ئىككى تەرەپنىڭ ئەمەلىي ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشىغا پايدىلىق سۇپا ھازىرلاپ بەردى. ئىككى تەرەپنىڭ بۇنى پۇرسەت بىلىپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، يول ئېچىپ، يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىپ، جۇڭگو — ئەرەب دۆلەتلىرى ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىگە قول تۇتۇشۇپ تۈرتكە بولۇپ، تېخىمۇ زور تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، جۇڭگو — ئەرەب دۆلەتلىرى ئىككى تەرەپ خەلقىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# خېنەن ئۆلكىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى قومۇلدا شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى تەكشۈردى

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز چۇ خۇيفاڭ خەۋەر قىلىدۇ: 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن 3 ـ كۈنىگىچە، خېنەن ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى يۈ خۇڭچيۇ باشچىلىقىدىكى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر قومۇل شەھىرى ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 13 ـ شىسىغا كېلىپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، تەكشۈردى، نىشانلىق ياردەم بېرىش قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى تەكشۈردى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلار ـ ئىختىساسلىقلارنى يوقلىدى.

خېنەن ئۆلكىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بىڭتۇەن 13 ـ شىسى خۇڭشىڭ دوختۇرخانىسى، قومۇل شەھىرى ئىگىلىك تىكلەش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزى، خېنەن ـ قومۇل تەجرىبە مەكتىپى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا يۈ خۇڭچيۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشتىكى سىياسىي مەسئۇلىيەتنى ھەقىقىي تۈردە زىممىگە ئېلىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتى ۋە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، دەل جايىدا كۈچەپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. ئىلمىي پىلانلاپ يېتەكلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان جايلار بىلەن ئورتاق تەتقىق قىلىپ، «14 ـ بەش يىللىق» شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش يىرىك پىلانىنى تۈزۈش خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئىشلەش كېرەك. كادىرلار ـ ئىختىساسلىقلارنى زور كۈچ بىلەن تاللاپ ئەۋەتىپ، دىققەتنى قومۇل شەھىرى ۋە بىڭتۇەن 13 ـ شىسىنىڭ ئېھتىياجىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، يوچۇقسىز ئۇدۇللاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان جايلارنىڭ ئىختىساسلىقلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان جايلارنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىختىساسلىقلار تىرىكى بىلەن تەمىنلەش كېرەك. كەسىپ تەرەققىياتىغا دەل جايىدا كۈچ قوشۇپ، كەسىپلەر ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنى «قان ئىشلەش» ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ يولى قىلىپ، ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان جايلارنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كەسپى، ساياھەت كەسپى، ئېنېرگىيە كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بېرىپ، ئىككى جاينىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ئېشىش نۇقتىسى يارىتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

خېنەن ئۆلكىسى قومۇل شەھىرى ۋە بىڭتۇەن 13 ـ شىسىغا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قىممىتى 6 مىليون يۈەنلىك ۋە 4 مىليون يۈەنلىك ماددىي ئەشيا ئىئانە قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى جى جېڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا ھەمراھ بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۇڭتىڭى رەھبەرلىك بەنزىسى «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى بويىچە مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ئاچتى

# دىققەتنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، «ئۈچكە مۇلازىمەت قىلىش» سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك

مۇخبىرىمىز جاۋ جىيۈن خەۋەر قىلىدۇ: «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۇڭتىڭى رەھبەرلىك بەنزىسى «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى بويىچە مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇۋەققەت باش كاتىپ سارقىت ئاقان يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۇڭتىڭى رەھبەرلىك بەنزىسى تەكشۈرۈپ ـ كۆزىتىپ، تەھلىل قىلىپ، خىزمەت ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، مەسىلىنىڭ مەنبەسىنى تەھلىل قىلىپ، تىرىشىش يۆنىلىشى ۋە ياخشىلاش تەدبىرلىرىنى ئايدىڭلاشتۇردى. بەنزە ئەزالىرى بىر ـ بىرلەپ ئۆزىنى تەكشۈرۈپ ـ كۆزىتىپ، تەھلىل قىلىپ، سەمىمىيلىك بىلەن تەنقىد ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى قانات يايدۇردى.

سارقىت ئاقان مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىشنى باش ئورۇنغا قويۇپ، پارتكوم بەنگۇڭتىڭىنىڭ سىياسىي ئورگانلىق ئاساسىي خۇسۇسىيىتىنى باشتىن ـ ئاخىر ئەستە چىڭ ساقلاپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ھۆججەت تەييارلاش، يىغىنغا تەييارلىق كۆرۈش، ئىش بېجىرىشنىڭ ھەربىر ھالقىسىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەسلىھەتچى بولۇش، مۇلازىمەت قىلىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشتىكى ھەربىر تۈرلۈك خىزمەتتە گەۋدىلەندۈرۈپ، پارتىيەگە مۇتلەق سادىق بولۇشنى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق نامايان قىلىش كېرەك. دىققەتنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بۇرچ ـ مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىپ، «ئۈچكە مۇلازىمەت قىلىش» سۈپىتى ۋە سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي، كەسكىن ھالدا كەم ـ كوتىسىز ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تاپشۇرغان تۈرلۈك خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى يۇقىرى ئۆلچەم، يۇقىرى سۈپەتتە تاماملاش كېرەك.